# تاغ - دەريالار ئارا ئۇسسۇلغا چۈشۈش  پۈتۈن رايون ساياھىتى ئارزۇسىغا ئىنتىلىش

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ يىلنىڭ 1 - پەسلىدە، تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى «تيانشاندىكى بوغدا كۆلىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلىنىش . ۋۇجياڭ ھەققىي ‹سىلىن› ئارشىڭغا چۈشۈش» قاتارلىق مەدەنىيەت - ساياھەت باش تېما پائالىيەتلىرىنى يولغا قويدى. بىر روشەن ئالاھىدىلىك شۇكى، شىنجاڭنىڭ سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچى ساياھەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ، سانجى ئوبلاستىدىكى نۇقتىلىق مەنزىرە رايونلىرىنىڭ سىرتتىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىش كۈچى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى.

«بۇ يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، سانجى ئوبلاستى ‹يىپەك يولىدىكى تىڭجوۋدا كاتتا مەرىكە. سانجى ھەپتە ئاخىرى شادلىق ساياھىتى› پائالىيىتى يولغا قويۇلدى، پۈتۈن يىلدا جەمئىي 80 نەچچە تۈرلۈك بايرام پائالىيىتى ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ ھەپتە ئاخىرىدىكى ئىستىراھەت ساياھەت ئېھتىياجى قاندۇرۇلدۇ» دەپ تونۇشتۇردى سانجى ئوبلاستلىق مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، رادىيو، تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ زىبىن.

«ساياھەت+»نى چۆرىدەپ، نۆۋەتتە سانجى ئوبلاستىنىڭ ساياھەتچىلىكى ئەنئەنىۋى ساياھەت كەسىپ ھالىتىدىن مەنزىرە بىلەن شەھەر بىر گەۋدىلىشىش، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن كەسىپ بىر گەۋدىلىشىش، شەھەر بىلەن يېزا بىر گەۋدىلىشىشتەك پۈتۈن رايون ساياھىتىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە يۈزلىنىپ، پۈتۈن رايون بويىچە ئورتاق بەرپا قىلىنىدىغان، پۈتۈن رايون بويىچە ئورتاق يۇغۇرۇلىدىغان، پۈتۈن رايون بويىچە ئورتاق بەھرىلىنىلىدىغان ساياھەتچىلىك تەرەققىيات يېڭى ئەندىزىسى بەرپا قىلىنماقتا.

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت - ساياھەت پائالىيىتىدىن باشقا، سانجى ئوبلاستى بۇ يىل يەنە «ساياھەت+يېزا ئىگىلىكى» «ساياھەت+يېزا - كەنت» «ساياھەت+سانائەت» «ساياھەت+مەدەنىيەت - تەنتەربىيە» قاتارلىق كەسىپلەر يۇغۇرما ساياھەت يېڭى كەسىپ ھالىتىنى نۇقتىلىق يولغا قويۇپ، پۈتۈن رايون ساياھىتى يېڭى ئېكولوگىيە چەمبىرىكى بەرپا قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، «ساياھەت+يېزا ئىگىلىكى»نىڭ كەسىپ ھالىتى ئورۇنلاشتۇرۇشىدا، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئالغا سىلجىتىش ئارقىلىق، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ شىجىر بازىرى قاتارلىق 20 خاس ساياھەتچىلىك يېزا - بازىرىنىڭ سۈپىتى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلۈۋاتىدۇ.

يېڭى كەسىپ ھالىتى سانجى ئوبلاستىنىڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ تېز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ يىل 1 - ئايدىن 4 - ئايغىچە، سانجى ئوبلاستى كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 5 مىليون 60 مىڭ ئادەم قېتىمغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 40% ئاشتى، ساياھەت كىرىمى 9 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 39.8% ئاشتى.

**سەرخىل ساياھەت بەرپا قىلىش  سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش**

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئەتىگەندىكى قۇياشنىڭ شەپەق نۇرىدا، قۇتۇبى ناھىيەسىنىڭ ئەرشىلدەن بازىرى ئەرشىلدەن كەنتىدىكى 1000 مو يەردىكى تاش ئالما چېچىكى خۇددى چوغدەك جۇلالىناتتى. شۇ كۈنى، قۇتۇبى ناھىيەسىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك تاش ئالما چېچىكى ۋە يېزا - كەنت مەدەنىيەت ساياھەت بايرىمى بۇ يەردە باشلىنىپ، سانجى ئوبلاستىنىڭ «چېچەك سەيلىسى خەرىتىسى»نىڭ بىر بۇرجىكىنى يورۇتتى.

سانجى ئوبلاستى سەرخىل مەنزىرە رايونى، مەنزىرە نۇقتىسى ۋە سەرخىل ساياھەت پائالىيىتىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ «قاتتىق ئەمەلىي كۈچى»نى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى، ساياھەتچىلىكنىڭ سۈپىتى سېجىل ئاشتى.

ھاۋانى تۇمان قاپلاپ، باھار يامغۇرى يېغىۋاتاتتى، گۇچۇڭ ناھىيەسىنىڭ جامبۇلاق مەنزىرە رايونىدىكى رەتلىك پەلەمپەيسىمان بۇغداي ئېتىزلىرى تاغ - دەريا رەسىمىنى ھاسىل قىلغانىدى. 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، جامبۇلاق مەنزىرە رايونى «تيانشاندا بۇغداي تېرىش، تېرىقچىلىق مەدەنىيلىكىگە ۋارىسلىق قىلىش» يۈرۈشلۈك ساياھەت پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، بۇنىڭ ئىچىدە، يەر ھەيدەش بايرىمى نەچچە مىڭ ساياھەتچىنى ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ سېھرىي كۈچىدىن ھۇزۇرلىنىشقا جەلپ قىلدى.

سانجى ئوبلاستىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «سەرخىل مەنزىرە» گۈزەللىك بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ساياھەتچىلىككە مۇناسىۋەتلىك خەلقنى بېيىتىش كەسىپ زەنجىرلىرىنى تېخىمۇ ئۇزارتتى. نۆۋەتتە، سانجى ئوبلاستىدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يۇلتۇزلۇق دېھقانلار ئارامگاھىدىن 146سى، يېزا - كەنت ساياھىتى پۇقراۋى قونالغۇدىن 165ى قۇرۇلۇپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماي، سانجى ئوبلاستى يەنە ساياھەت سەرخىل تۈر قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتماقتا.

بۇلتۇر، سانجى ئوبلاستى ساياھەتكە مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تۈزۈلمىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، 15 پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى بىلەن ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، 46 مىليارد يۈەن ئىناۋەت مەبلىغىگە ئېرىشىپ، ساياھەت سەرخىل تۈرى قۇرۇلۇشىغا كۈچ قوشتى. بۇ يىل، 23 ساياھەت يېڭى قۇرۇلۇش تۈرى، 15 داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرىنى يولغا قويىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، سانجى ئوبلاستى بۇ يىل تيانشان يۈز چاقىرىملىق دەنشيا مەنزىرە رايونىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش يىرىك پىلانى، سانجى ئوبلاستىنىڭ يېزا - كەنت ساياھىتىنى راۋاجلاندۇرۇش يىرىك پىلانى قاتارلىقلارنى تاماملاپ، نۇقتىلىق ھالدا تيانشان يۈز چاقىرىملىق دەنشيا مەنزىرە رايونى، مورى تيانشان يېزا ئىگىلىك باغچىسى ئائىلە ئاپتوموبىل ساياھىتى ئايلانما لىنىيەسى قاتارلىق تۈرلەرنى بەرپا قىلىدۇ ھەم زور كۈچ بىلەن ئون تۈرلۈك ساياھەت كەسىپ ھالىتى، 50 ساياھەت سۈپەتلىك ماركىسىنى يېتىشتۈرۈپ، سەرخىل مەھسۇلات قۇرۇلۇشى ئارقىلىق پۈتۈن ئوبلاستنىڭ پۈتۈن رايون ساياھىتىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

«بۇ يىل سانجى ئوبلاستى ساياھەتچىلىكتە كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچىنى 41 مىليون 340 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتكۈزۈپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 43% ئاشۇرۇشنى؛ ساياھەت كىرىمىنى 98 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 100% ئاشۇرۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇردۇ» دېدى جاڭ زىبىن.

**«ماركىتىڭ قارتىسى»نى ياخشى ئويناش  جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش**

ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ھەم ياخشى مەنزىرە رايونى، ياخشى مەنزىرە نۇقتىسى ۋە ياخشى پائالىيەتلەرنى بەرپا قىلىش، تېخىمۇ مۇھىمى «ماركىتىڭ قارتىسى»نى ياخشى ئويناپ، ساياھەتچىلەرنى كېلىپ ھۇزۇرلىنىشقا تېخىمۇ ياخشى جەلپ قىلىش كېرەك.

بۇ يىلنىڭ بېشىدا، جىمسار ناھىيەسى تۇنجى نۆۋەتلىك «چاغانلىق مال سېتىۋېلىش بايرىمى» ئۆتكۈزدى، ئالاقىدار سىنالارنىڭ بۈگۈنكى باش خەۋەر قاتارلىق ھەرقايسى چوڭ تور بېكەتلىرىدىكى چېكىلىش قېتىم سانى 4 مىليون قېتىمدىن ئېشىپ، 16 كۈندە 2 مىليون 540 مىڭ يۈەن ساياھەت كىرىمى يارىتىلدى.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، تۇنجى نۆۋەتلىك جامبۇلاق كۆركۆمگۈلى 5·20 رومانتىك سەيرى يۈرۈشلۈك پائالىيىتىدە، دۆلەت ئىچى، شىنجاڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن تاراتقۇ مەنزىرە رايونىغا جەم بولۇپ تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىشقا تەكلىپ قىلىندى. بىردىنلا «جامبۇلاق» «كۆركۆمگۈلى» «5·20» قاتارلىقلار توردىكى ئاخبارات قىزىق سۆزىگە ئايلاندى.

بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا، تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى تېڭشۈن بىلەن قول تۇتۇشۇپ، تېڭشۈن ئاقىل مەدەنىيەت - ساياھەت سۈپىسىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى ھەمكارلىق مەنزىرە رايونىغا ئايلىنىپ، مەنزىرە رايونىنىڭ داڭقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى ھەم مەنزىرە رايونىنىڭ باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلدى، كەسپىيلەشتۈردى. يېقىندا، گۇچۇڭ ناھىيەسى شېنجېن جىنشيۇ جۇڭخۇا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى بىلەن كېلىشىم ئىمزالىدى، مەنزىرە رايونى قۇرۇلۇشى، تەشۋىقاتنى كېڭەيتىش، ماركىتىڭ پىلانلاش، ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىش، يېتەكلەش قاتارلىق جەھەتلەردە قول تۇتۇشۇپ ھەرتەرەپلىمە چوڭقۇر ھەمكارلىشىدۇ.

بۇ بىرقانچە يىلدا، سانجى ئوبلاستى ساياھەت بازىرىنى ئۈزلۈكسىز ئېچىپ، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى سېجىل كۈچەيتىپ، بىر گەۋدىلەشكەن بىرلەشمە ماركىتىڭ تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىخەنزە شەھىرى، تۇرپان شەھىرى قاتارلىق جايلار بىلەن بولغان رايون ھالقىغان ساياھەت ھەمكارلىق مېخانىزمىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ سىرتىغا قارىتىلغان ساياھەت تەشۋىقاتى، تونۇشتۇرۇشى سېجىل كۈچەيتىپ، تىرىشىپ تېخىمۇ كۆپ ساياھەت مەخسۇس پويىزى ۋە ساياھەت ھۆددە ئايروپىلانىنى قولغا كەلتۈردى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، سانجى ئوبلاستى فۇجيەنلىك ساياھەتچىلەرنىڭ مۇھىم ساياھەت مەنزىلگاھىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. بۇلتۇر، فۇجيەندىن شىنجاڭغا كەلگەن ساياھەتچى 650 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى. بۇ يىلنىڭ بېشىدا، فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش يېڭى تۈرىنى ئىلگىرى سۈردى، يىل ئىچىدە، فۇجيەنلىك ساياھەتچىلەر ساياھەت مەخسۇس پويىزى، ساياھەت ھۆددە ئايروپىلانى، ئائىلە ئاپتوموبىل ساياھىتى قاتارلىق شەكىلدە شىنجاڭغا كېلىپ ساياھەت قىلىدۇ.

«سىرتقا سېتىش»نى يەنىمۇ كۈچەيتىش بىلەن بىللە، سانجى ئوبلاستىنىڭ ساياھەتچىلىكى يەنە «ئىچكى گۇمپا»نى جاپالىق مەشىق قىلماقتا.

«بۇ يىل، سانجى ئوبلاستى مەنزىرە رايونلىرى ۋە ساياھەت لىنىيەلىرىدە يېڭىدىن 40 ئېكولوگىيەلىك ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى، 60 خەۋەرلىشىش ئاساسىي پونكىتى، 20 ماي قاچىلاش پونكىتى قۇرۇپ، 300 ساياھەت ھاجەتخانىسىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇپ، ئاپتوموبىل توختىتىش قىيىن بولۇش، ماي قاچىلاش قىيىن بولۇش، ھاجەتخانا تېپىش قىيىن بولۇش ۋە خەۋەرلىشىش سىگنالى راۋان بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، ساياھەتچىلەرنى تېخىمۇ ئەلا سۈپەتلىك ئۇل ئەسلىھە مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، ساياھەت تۇيغۇسىنى ئۆستۈرىدۇ» دېدى جاڭ زىبىن.

بىزنىڭ بايرىمىمىز . دۇەنۋۇ

# تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا دېھقانلار ئارامگاھلىرى، چارۋىچىلار ئارامگاھلىرى ساياھەتچىلەر بىلەن لىق تولدى

□ مۇخبىرلىرىمىز مېھرىگۈل غوپۇر، جەزىرە نىسبېك، جاڭ تىڭ

قورۇنى بىر ئالغان گۈللەر شامالدا لەرزان يەلپۈنەتتى، دېھقان ھويلىلىرى ئاپتوموبىللار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى... دۇەنۋۇ بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دېھقانلار ئارامگاھلىرى، چارۋىچىلار ئارامگاھلىرى ساياھەتچىلەر بىلەن لىق تولۇشتەك خۇشاللىنارلىق مەنزىرە نامايان بولدى.

ئۈرۈمچى شەھىرى داۋانچىڭ رايونى دۇڭگوۋ يېزىسىنىڭ دەريا جىلغىسى ئىككىلەمچى ئورمان پىيادە مېڭىش يولى مەنزىرە رايونىدا، ياغاچ ياتقۇزۇلغان پىيادە مېڭىش يولىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئېقىن يىراقلارغا سوزۇلغان بولۇپ، يول بويىدىكى پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەر ۋە گىرەلەشتۈرۈلۈپ رەتلىك سېلىنغان شىپاڭ، راۋاقلار كىشىگە ئازادىلىك بەخش ئېتەتتى.

داۋانچىڭ رايونى دۇڭگوۋ يېزىسى ۋېزى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ما شياڭچىننىڭ دېھقانلار ئارامگاھى مەنزىرە رايونىغا يېقىن جايدا ئىدى. 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سەھەردە، ئۇ ئىككى زاكاز تېلېفوننى قوبۇل قىلىپ، ئالدىراش ھالدا چۈشلۈك تاماققا تەييارلىق قىلدى. «يازدىكى بايرام، دەم ئېلىش مەزگىلىدە مەنزىرە رايونىغا كېلىپ پىيادە ماڭىدىغانلار، سەيلە قىلىدىغانلار ئىنتايىن كۆپ، ئاندىن كۆپچىلىك ئەتراپتىكى دېھقانلار ئارامگاھلىرىغا كېلىپ مەززىلىك تائاملارغا ئېغىز تېگىدۇ، بىز ئالدىن ياخشى تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك.» ما شياڭچىن مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: ۋېزى كەنتىدە مەنزىرە رايونىغا تايىنىپ دېھقانلار ئارامگاھى ئاچقان دېھقان ئائىلىسىدىن 20 نەچچىسى بار، ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

«دېھقانلار ئارامگاھىمۇ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىشى كېرەك، مەن يىل ئاخىرىدا بۇ يەرنى قايتا بېزەشنى پىلانلاۋاتىمەن، كېلەر يىلى بۇ يەرگە كەلسىڭىز، بۇ يەر تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ» دېدى ما شياڭچىن كۈلۈپ تۇرۇپ.

6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سەھەردە، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى كۈنەس ناھىيەسىنىڭ نارات بازىرى ئارشاڭ كەنتىدىكى ئۇلسۇنجان دوسپارقان ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ پۇقراۋى قونالغۇسىدا جىياڭسۇلۇق ساياھەتچى شۇ مېڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قۇشلارنىڭ سايراشلىرىدىن ئويغاندى، ئۇلار يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلسۇنجان ئۇلارغا مول ناشتىلىق تەييارلاپ بەردى.

نان، قايماق، ھەسەل، ئەتكەنچاي قاتارلىق ئېسىل نازۇنېمەتلەر شىرەگە لىق تىزىلغانىدى. «قۇشلارنىڭ سايراشلىرىنى ئاڭلاپ، ئوت - چۆپلەرنىڭ ھىدىنى پۇراپ، ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ، ئۆزگىچە مەززىلىك تائاملارغا ئېغىز تەگدۇق، بۇ يەردە ئارام ئېلىپ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەمنۇن بولدۇق» دېدى شۇ مېڭ خۇشال ھالدا.

ئارشاڭ كەنتى نارات مەنزىرە رايونىغا قوشنا بولۇپ، دۇەنۋۇ بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە بۇ يەردىكى 30 نەچچە پۇقراۋى قونالغۇ ساياھەتچىلەر بىلەن تولۇپ كەتتى، ئۇلسۇنجان خۇشاللىقىدىن ئېغىزىنى يۇمالماي قالغانىدى: «تۈنۈگۈن ياتاق ھەققىدىنلا 2000 يۈەن كىرىم قىلدىم».

2018 - يىلى، يەرلىكنىڭ ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئارشاڭ كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى 30 نەچچە كەنت ئاھالىسىنى تەشكىللەپ، ئارشاڭ پۇقراۋى قونالغۇ مۇلازىمەت دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى قۇرۇپ، بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم، بىرلىككە كەلگەن باھانى يولغا قويۇپ، شۇ جايدىكى پۇقراۋى قونالغۇ ۋە يېمەك - ئىچمەك ساھەسىنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇردى. بۇ يىل 3 - ئايدا، خىزمەت ئەترىتى يەنە 30 نەچچە كوپېراتىپ ئەزاسىنى جياڭسۇغا بېرىپ تەكشۈرۈش، ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ تىجارەت ئېڭىنى ئۆستۈردى.

دەم ئېلىش مەزگىلىدە ئالتاي ۋىلايىتى قابا ناھىيەسىنىڭ كۆلباي يېزىسى نالىپ كەنتىدىكى چارۋىچىلار ئارامگاھى ئوخشاشلا قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى.

نالىپ كەنتى دۆلەت دەرىجىلىك ئورمان باغچىسى، 4A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى ئاق قېيىن ئورمانلىقى بىلەن تۇتاشقان. 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، نالىپ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى باقتىبېك تولېۋنىڭ چارۋىچىلار ئارامگاھى جەمئىي 50كە يېقىن ئادەمنى كۈتۈۋېلىپ، 2000 يۈەنگە يېقىن كىرىم قىلدى.

2018 - يىلى، قابا ناھىيەلىك سودا، پەن - تېخنىكا، سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسىنىڭ نالىپ كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى بۇ كەنتنىڭ مەنزىرە رايونى لىنىيەسىگە جايلىشىشتەك جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، ساياھەتچىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى، كەنتكە تۇتىشىدىغان 6.7 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئاسفالت يولنى يېڭىدىن ياساپلا قالماي، يەنە 14 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسىنىڭ چارۋىچىلار ئارامگاھى ئېچىشىغا مەدەت بەردى، ياردەم بەردى.

«ساياھەتچىلەر ئاق قېيىن ئورمانلىق باغچىسىنى سەيلە قىلىپ قايتىپ كەلگەندە، بىزنىڭ چارۋىچىلار ئارامگاھىمىزدا تاماق يەپ ئارام ئالىدۇ، ئۇلار ئاق قېيىن ئورمانلىقىنىڭ مەنزىرىسى ۋە بىزنىڭ مەززىلىك تائاملىرىمىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە كەنتىمىزدىكى چارۋىچىلار ئارامگاھلىرىنىڭ تىجارىتى قەۋەتلا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ» دېدى باقتىبېك خۇشال ھالدا.

## دەم ئېلىش كۈنىدىن ھۇزۇرلىنىش



◁ 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ساياھەتچىلەر ئاۋات ناھىيەسىدىكى دولان قەبىلىسى مەنزىرە رايونىدا مىللىي ئۆرپ - ئادەت، مەدەنىيەت پائالىيىتىدىن ھۇزۇرلانماقتا.

شۇ كۈنى، بۇ مەنزىرە رايونىدا يەنە سۇدا قولۋاق ھەيدەش، قۇملۇقتا ئەجدىھا قولۋىقى سىيرىلىش، تاغزۇغزا تۈگۈش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلدى، جەمئىي 5200 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ساياھەتچى كۈتۈۋېلىنىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 80% ئاشتى.

□ۋاڭ يەنچى فوتوسى



▷ 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، تاماشىبىنلار ئۈرۈمچى دېڭىز - ئوكيان سارىيىدا دېڭىز شىرىنىڭ ئويۇنىنى كۆرمەكتە. شۇ كۈنى ئۈرۈمچى دېڭىز - ئوكيان سارىيى 3500 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ساياھەتچىنى كۈتۈۋالدى.

□ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى



◁ 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، «بىر بەلباغ، بىر يول» مەملىكەتلىك ئات بەيگىسى ئاشكارا مۇسابىقىسى (مورى بېكىتى) مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ خازانات خەلقئارا بەيگە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى، شىنجاڭ ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن 22 ۋەكىللەر كوماندىسىدىكى چەۋەندازلار ئاتنى قامچىلاپ چاپتۇرۇپ سۈرئەت ۋە قايناق ھېسسىياتنى نامايان قىلدى، 20 مىڭغا يېقىن ساياھەتچى مۇسابىقىنى كۆردى.

ئىگىلىنىشچە، مورى مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى، بەيگە مەرىكىسى قاتارلىق تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ئارقىلىق مەدەنىيەت، ساياھەت، تەنتەربىيە، سودىنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن رايون ساياھىتى، تۆت پەسىل ساياھىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغان.

□مۇخبىرىمىز لى رۇي فوتوسى